## بۇ ساندا

غەيۋەت توغرىسىدا ........ غەيرە بۇغرا 2
پەيغەمبەر تەلىماتلىرىدىن ........ ئىلھام قادىر تەرجىمىسى 5
تەگسىز خىياللار ........ ئەنۋەر ھۈسەيىن 6
ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر ........ نۇرئەھمەت قۇربان 14
ئۈممىتىمىز ئىككى ئەسىر ئوتتۇرىسىدا ........ د. قەمەرداۋى 26
قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلمىي دەلىللەر ........ ئابلىكىم تۇرسۇن 29
رامىزاننىڭ پەزىلىتى ( ئۈچ ماقالە ) ........ ئابلىكىم تۇرسۇن 33
روزىنىڭ سىر – ھېكمەتلىرى ........ 35
روزا ھەققىدە كۆپ سورىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب ........ 38
سىگنال ........ ۋ ئىلياس 39
لوقمان ھەكىمنىڭ بالا تەربىيىلىشى ........ ۋەسفىي ئاشۇر 40
روھىي گۈزەللىك ( ئىككى ماقالە ) ........ 44
تەۋرەنمەس ئىمان ........ شەمسى نەۋىد ئوسمانى 46
ئىمان جانلىق ئېنېرگىيە ........ د. ئابدۇقادىر تاش 49
پىروتېننىڭ ئىسلامغا كىرىشى ........ راشىددىن ئېلى 51
شېئىرلار ........ تۆيغۇن ئابدۇۋەلى ، كامىلجان 52

ژورنىلىمىزغا ئەسەر بەرگۈچىلەر ئېنتېرنېت خەت ئادرېسىنى بىرگە بېرىشىنى ، ئەسەرلەرنى ئالماس كىتاب خەت نۇسخىسىدا يېزىشىنى سورايمىز.
ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز :
merifetjornili@hotmail.com

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر !

ھەممىڭلارنىڭ ژورنىلىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن بەرگەن باھالىرىڭلار، تەنقىدلىرىڭلار، ھەممىدىن مۇھىمى ژورنالنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن سۇنغان پىكىر – تەكلىپلىرىڭلارغا چىن قەلبىمىزدىن سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز. ھەممىڭلارغا رەھمەت !

بىزنىڭ ھەممىدىن بەك دىققىتىمىزنى تارتقىنى ، يەنىلا ئىملالارنى يېڭىلاش ، دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا بېرىلگەن پىكىرلەر بولدى . دەرۋەقە ، بىزنىڭ ھەمىشە ئويلايدىغىنىمىزمۇ شۇ ئېدى . ژورنالنىڭ مۇنبىرىسىزلەرگە مۇنبەر ، تىلسىزغا تىل بولۇپ قېلىشىنى باشتىن ئاخىر ئارزۇ قىلىدىغان دوستلىرىمىز بىزنىڭ بۇ ئەمگىكىمىزگە تۈرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ، تىلى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى بويىچە تەييارلىغان ھەر تۈرلۈك ماقالە ، شېئىر ، ئوچېرك ، ھەتتا ھېكايىلىرى بىلەن ھەسسە قوشىدۇ دەپ ھېساپلىغان ئىدۇق . بۇ ئىشلارمۇ تەدرىجى ئەمەلگە ئېشىپ قالغاي !

ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسىغا مۇناسىپ ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق بىر ژورنالنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش يەنىلا ھەممە ئۇيغۇرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ۋەتەن ئىچى – سىرتىدىكى كەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتە بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇشىنى ، ئىملالارنى يېڭىلاش ، مەزمۇنلارنى بېيىتىش ، تۈرلىرىنى كۆپەيتىش نۇقتىسىدا بىز بىلەن ھەمكارلىشىشىنى سورايمىز.

ئۆز نۆۋىتىدە ، ژورنىلىمىز ئۆزىنىڭ غەيرى سىياسىيلىقىنى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقان تىل ، مەدەنىيەت ، ئۆرپ – ئادەت ، قائىدە – يوسۇن ۋە ئەقىدە – ئېتىقادىنىڭ بىتەرەپ ھامىيسى بولۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك غايىسى ئارقىلىق ئاقلايدۇ ۋە چەمبەرسىمان شەكىلدىكى ئۇيغۇر كىمىرىسىنىڭ مۇئەييەن تەرىپىدە ئۆزىنى ھەمىشە مەۋجۇد ھېساپلايدۇ.

ھەممىڭلارغا مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەپ :

– مەرىپەت ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى